# 486 - ئىسلامدا دىنى تەبرىكلەشلەر

## سوئال

ئىسلامدىكى دىنى تەبرىكلەشلەر ۋە بايراملارنى بىلمەكچىدىم .

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .
بىز مۇسۇلمانلارنىڭ پەقەت ئىككىلا بايرام بار : رامىزاندىن كېيىنكى روزا ھېيت ، ۋە چوڭ ھەج كۈندىكى قۇربان ھېيت ، بىز بۇ ئىككى بايرامدا ئۆزئارا تەبرىكلىشىمىز ، خۇشاللىقنى كىگەيتىمىز ھەمدە بالا-چاقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىمىز . بىراق ئەڭ مۇھىمى ، بىز ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى تەكبىرۋە تەھلىيل (لائىلاھە ئىللەلاھ دىيىش) بىلەن ياد ئېتىمىز ، ۋە ئىككى ھېيت نامىزى ئوقۇيمىز . ھەمدە بىزنىڭ بۇ ئىككى بايرامدىن باشقا يىلنىڭ مۇئەييەن كۈنلىرىنى تەبرىكلەش كۈنىمىز يوق .
ئەلۋەتتە ، بۇنىڭدىن باشقا ئىسلام شەرىئتى مۇۋاپىق تەبرىكلەشكە بۇيرىغان خۇشاللىق مۇناسىۋەتلەر بار ، مەسىلەن ، توي بولغاندا ياكى بىر بالىنىڭ تۇغۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئائىلەدە تائامغا يىغىلىش . قانداقلا بولمىسۇن ، بۇ كۈنلەر يىلدىكى مۇئەييەن كۈنلەرگە خاس قىلىنمىغان ؛ بەلكى ئۇلار مۇسۇلماننىڭ ھايات باسقۇچىدا يۈز بەرگەندە تەبرىكلىنىدۇ .